# شنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 9 - ئاي
9
دۈشەنبە
维吾尔文 9月9日

新疆日报网: www.xjdaily.com
شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24813 - سان　بۈگۈن 4 بەت


## يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق بىرلەشمە مانېۋىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى مۇخبىرنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاخبارات مەركىزىدىن ئىگىلىشىچە، 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سائەت 23تىن 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەھەرگىچە، بېيجىڭ تيەنئەنمېن رايونىدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق بىرلەشمە مانېۋىرى ئۆتكۈزۈلگەن، تەخمىنەن 90 مىڭ كىشى مانېۋىرغا ھەم نەق مەيدان كاپالەتلىك خىزمىتىگە قاتناشقان.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، تۇنجى قېتىملىق بىرلەشمە مانېۋىر تەبرىكلەش يىغىنى مۇراسىمى، ھەربىي پارات، ئاممىۋى نامايىش، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى، مەيدان يۆتكىلىش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇپ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي　بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

### چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر قومۇل شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇش نەق مەيدان ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى

## باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قومۇلنى شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئېشىش قۇتۇپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قومۇل شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇش نەق مەيدان ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى. چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ قومۇلنى شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئېشىش قۇتۇپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.



9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قومۇل شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر ئېۋىرغول رايونى لىيۇەن مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى ئەيسا ئاقىيول ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيارەت قىلىپ يوقلاپ، ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراشتۇرماقتا.
□مۇخبىرىمىز سۈي جىيەن فوتوسى

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەزگىلدە، چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر شىنجاڭ شياڭشىڭ يېڭى ماتېرىياللار پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، قومۇل شەھىرى جيەنىڭ كاڭچېڭ يېمەكلىك تەقسىملەش شىركىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت، تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۆرتكە بولۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى؛ قومۇلدىن جېنجوۋغىچە بولغان 800± كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تيانشان توك ئالماشتۇرۇش پونكىتى، شىچېڭزى فوتو ۋولت كەسىپ باغچە رايونى، دۆلەت ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئۇچۇر باشقۇرۇش مەركىزى قومۇل شۆبە مەركىزىگە كىرىپ، ئېنېرگىيە كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى؛ قومۇل مەدەنىيەت - ساياھەت ئىجادىيەت باغچىسى، قومۇل تۆمۈريول ئەشيا ئوبوروت باغچىسىدا تۈر يىرىك پىلانى ۋە قۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى؛ قومۇل كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىگە كېلىپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى.

چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر يەنە ھەر مىللەت ئامما ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى زىيارەت قىلىپ يوقلاپ، يۈزتۇرا مۇڭداشتى، ئېھتىياجلىقنى سۆزلىدى، كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۈستىدە پاراڭلاشتى، كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشنىڭ بەختلىك، ئائىلىسىنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي



نارات مەنزىرە رايونىنىڭ كۈز مەنزىرىسى (9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تارتىلغان). نارات مەنزىرە رايونى شىنجاڭ كۈنەس ناھىيەسى تەۋەسىگە جايلاشقان، ئۈچ تەرىپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدىغان بولۇپ، كۈنەس دەرياسى ئۆركەشلەپ ئېقىپ ئۆتىدۇ، بۇ جايدا قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە مول يايلاق مەدەنىيىتى ساقلاپ قېلىنغان. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ئەن شىيا فوتوسى

باش كۈزدىكى نارات

ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە «ئۇزاق» ۋە «دائىم» بولۇشقا كۈچ سەرپ قىلدى

## ھەققىي تەكشۈرۈپ، ھەققىي ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى　ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى ئۆستى

مەخسۇس تۈزەش

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: «ئىلگىرى، باج تارماقلىرىغا بېرىپ رويخەتتىن ئۆچۈرۈش كەسپىنى بېجىرىشتە نۇرغۇن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشكە توغرا كېلەتتى، يەنە ھېساباتنى تەكشۈرەتتى، پۈتۈن جەريانغا 20 خىزمەت كۈنىگە يېقىن ۋاقىت كېتەتتى.» يېقىندا، ئۈرۈمچى جىندۈن يۈگىئەن سۈرەت - يېزىق تەھرىرلەش مەركىزىنىڭ مالىيە خادىمى لى شياۋمىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ھازىر باج تارماقلىرىنىڭ مۇلازىمەت دەرىجىسى ئۆستى، پەقەت ئون مىنۇتتىلا رويخەتتىن ئۆچۈرۈش كەسپىنى بېجىرىپ بولغىلى بولىدىكەن، ھەقىقەتەن بەك قولايلىق بوپتۇ».

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى كارخانىلارنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈش كەسپىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۈچەپ تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، دۆلەت باج باش ئىدارىسىنىڭ كارخانىلارنىڭ باجنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇش تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، باج ئېنىقلاش ئىسپاتىنى كەچۈرۈم قىلىش، دەرھال بېجىرىپ بېرىش مۇلازىمىتى، «ۋەدە تۈزۈمى»دىكى كەم ماتېرىيالنى قالدۇرۇپ بېجىرىش، ماتېرىياللارنى ۋە جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تەرتىپلىك ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، دەرھال بېجىرىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، بېجىرىش جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدىغان ماتېرىياللارنى ئازايتىپ، كارخانىلارنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## راھىلەمخان: ھازىرقى تۇرمۇشىمىز ئەڭ ياخشى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□مۇخبىرلىرىمىز سۈي يۈنيەن، جېڭ جو

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مۇخبىرلار كېرىيە ناھىيە بازىرىدىكى بىر ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى - ئۆي جاھازلىرىنى مەخسۇس سېتىش دۇكىنىغا كەلدى، ئىككى قەۋەتلىك دۇكانغا ئارىلاپ خېرىدارلار كىرىپ مال تاللاۋاتاتتى، خېرىدار باشلىغۇچى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، مەھسۇلاتلارنى ئەستايىدىل تونۇشتۇرۇۋاتاتتى. ئاق كوپتا كىيىپ، خىزمەت ئىزنىكى تاقىغان راھىلەمخان مەتسەيدى 2 - قەۋەتتىكى ئىشخانىسىدا ئالدىنقى نۆۋەتلىك سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتى دوكلاتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈۋاتاتتى. «قۇربان ھېيتتا كونا خېرىدارلارغا جاۋاب قايتۇرۇش مۇكاپاتلىق چەك تارتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق، ئەڭ چوڭ مۇكاپات بۇيۇمى قىممىتى 3899 يۈەنلىك ھاۋا تەڭشىگۈچ» دېدى ئۇ.

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ ئۆيىدىن چىقمايدىغان يېزا ئائىلە ئايالىدىن تەجرىبىلىك كەسپىي ئايال بولغىچە، راھىلەمخان كىشىلىك ھاياتىدىكى بۇرۇلۇشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

### ئىسكەنجىدىن قۇتۇلۇپ تەبەسسۇمغا چۆمۈلۈش

«مەن ‹ياۋا ئاخۇن›نىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانىدىم» دېدى بۇ يىل 29 ياشقا كىرگەن راھىلەمخان ئىلگىرىكى تۇرمۇشىنى تىلغا ئالغاندا يۇشۇرمايلا. ئىلگىرى ئۇ ئېرى بىلەن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدا تۇرمۇش كەچۈرەتتى. «قېيىنئانامنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل　كۈرەشچان يېڭى دەۋر
كەسىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى زىيارىتى

## ئەركىن سودا رايونى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنىڭ 102 تۈرلۈك تەجرىبىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەمەلىيلەشتى

مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېي خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يېمەكلىك تەتقىقات - تەرەققىيات مەركىزى (چەكلىك شىركىتى) ئىشلەپچىقارغان 300 توننا شوخلا قىيامى ۋە لازا قىيامى ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىدىن چىقىرىلىپ، ئېكسپورت قىلىشقا تەييارلاندى. «بۇ يىلدىن باشلاپ، ماللىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە ئاۋۋال رايوندىن چىقىرىپ، ئاندىن تاموژنا رەسمىيىتىنى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىش يولىغا قويۇلدى، بۇ، مال ترانسپورت ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتتى» دېدى شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يېمەكلىك تەتقىقات - تەرەققىيات مەركىزى (چەكلىك شىركىتى)نىڭ ئىجرائىيە دىرېكتورى جاڭ شەنگۋاڭ.

«ئاۋۋال رايوندىن چىقىرىپ، ئاندىن تاموژنىغا مەلۇم قىلىش» ئاپتونوم رايونىمىز كۆپەيتىپ كېڭەيتكەن ئەركىن سودا سىناق رايونى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىلىرىنىڭ بىرى. ھازىرغىچە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىسىدىن 102 تۈر كۆپەيتىپ كېڭەيتىلدى.

جاڭ شەنگۋاڭ بۇ بىرنەچچە يىلدا شىنجاڭنىڭ سودىنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە نىسبەتەن بىۋاسىتە تەسىراتىنى ئېيتىپ: ئىلگىرى، شىركەت جەزمەن تاموژنىغا مەلۇم قىلىش خادىمىدىن ئىككىنى مەخسۇس رەسمىيەت بېجىرىشكە ئورۇنلاشتۇراتتى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

### تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش　ئىش بېجىرگەندە «قاتراتماسلىق»

## ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ئېلېكترونلۇق كىنىشكىنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىدۇ

مۇخبىرىمىز ۋاڭ يوجاۋنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى ئېلېكترونلۇق كىنىشكا سىستېمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاماملىغان بولۇپ، پات ئارىدا ئومۇميۈزلۈك تورغا چىقىرىلىپ يۈرگۈزۈلىدىكەن. ئېلېكترونلۇق كىنىشكا سىستېمىسى ئومۇميۈزلۈك تورغا چىقىرىلىپ يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، كارخانا ۋە شەخسلەر ئالاقە تورى ئارقىلىق بىناكارلىق چېتىشلىق مۇناسىۋەتلىك سالاھىيەت تۈرىنى مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىشنى تاماملىيالايدىكەن، «قاتراتماسلىق» ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى «قەغەزسىز مەلۇم قىلىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، قاتراتماي بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇش»نى نىشان قىلىپ، زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە چوڭ سانلىق مەلۇماتنى قوللىنىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىخەنزە داشۆسى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

مۇخبىرىمىز جاڭ شياۋيەن خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، شىخەنزە داشۆسى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جىڭۋېيسى سۇن جىنلوڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، بېيجىڭ داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى خاۋ پىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا، جۇڭگو ئالىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىخەنزە داشۆسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا ئەۋەتكەن تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

سۇن جىنلوڭ بىڭتۇەن پارتكومىغا ۋاكالىتەن شىخەنزە داشۆسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە شىخەنزە داشۆسىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەمدە بىڭتۇەندىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىگە سەممىي سالام يوللىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### لى پېڭشىن بايىنغولىن ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

## سىجىل كۈچەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز شىي خۈيبىيەن خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ لوپنۇر ناھىيەسى، باغراش ناھىيەسى، خوشۇت ناھىيەسى، خېجىڭ ناھىيەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامرات ئەمەس ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى.

ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىيى
新疆头条 APP　微信公众号　新疆日报网　天山网 APP